# رەجەپ ئېيىدىكى بىدئەتلەر

[ئۇيغۇرچە]

## بدع في شهر رجب
**[باللغة الأويغورية]**


مۇپتى: ئەللامە ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز

المفتي: العلامة الشيخعبد العزيز بن عبد الله بن باز

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

**1429 – 2008**

islamhouse.com

# رەجەپ ئېيىدىكى بىدئەتلەر

**سوئال:**

بىرقىسىم كىشىلەر رەجەپ ئېيىدا ( سالاتۇررەغائىب) ئارزۇ قىلىش، ئۈمىت قىلىش نامىزى ئوقۇشتەك، بۇ ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كېچىسىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈشتەك بەزەن ئىبادەتلەرنى بۇ ئايدا قىلىشقا خاسلاشتۇرىۋالىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىمىزدا ئاساسى بار ئىبادەتلەردىنمۇ؟

**جاۋاپ:**

رەجەپ ئېيىنى ئارزۇ قىلىش، ئۈمىت قىلىش نامىزى، يىگىرمە يەتتىنچى كېچىسىنى ئۆز گۇمانىدا بۇ مىراج كېچىسى (پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام كېچىدە مەككىدىن پەلەستىندىكى ئەقسا مەسچىتىگە بېرىپ ئۇ جايدىن يەتتە قات ئاسمانغا ئۆرلەپ ئاللاھنىڭ هوزۇرىغا چىقىپ قايتىپ چۈشكەن كىچە دەپ) ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈشتەك بەزەن ئىبادەتلەرنى خاسلاشتۇرۇلىش ئىسلام شەرىئىتىدە ئاساسى بولمىغان كېيىن پەيدا بولغان بىدئەت ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ بىرقىسىم تەتقىقاتچى ئالىملار كىشىلەرنى بۇ توغرىدا ئاگاهلاندۇردى، بىزمۇ كىشىلەرگە بۇ ھەقتە چۈشەندۈرۈش بېرىپ بىرقانچە ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ بۇ ماقالىدا بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ رەجەپ ئېيىنىڭ ئەۋۋەلقى جۈمە كېچىسىنى خاس قىلىپ ئارزۇ قىلىش، ئۈمىت قىلىش نامىزى ئوقۇشنىڭ بىدئەت ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك بۇ ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كېچىسىنى مىراج كېچىسى دەپ گۇمان قىلىپ ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈشتەك بەزەن ئىبادەتلەرنى خاسلاشتۇرۇلىش ئىسلام دىنىمىزدا

ئاساسى بولمىغان كىيىن پەيدا بولغان بىدئەت ئىشلارنىڭ قاتارىدىن دەپ بايان قىلدۇق. مىراج كېچىسىنىڭ قايسى كۈنىنىڭ كېچىسىدە يۈز بەرگەنلىكى ئېنىق ئەمەس، ئەگەر ئېنىق بولغان تەقدىردىمۇ بۇ كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈشتەك بەزەن ئىبادەتلەرگە خاسلاشتۇرۇۋېلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كىيىنكى ئىز باسار خەلىپىلەر ۋە باشقا ساھابىلەرمۇ بۇ ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كېچىسىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈشتەك بەزەن ئىبادەتلەرنى قىلمىغان، ئەگەر بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن بولغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇلار بۇ ئىشنى بىزدىن بۇرۇن قىلغان بولاتتى. ھەقىقى ئىبادەت ۋە ياخشىلىق دېگەن ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرنى قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگىشىشتىن ئىبارەت بولۇپ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر(يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن ئاللاھ رازى بولدى، ئۇلارمۇ ئاللاھ دىن مەمنۇن بولدى، ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر».

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى بىزنىڭ ئىشىمىزدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، بۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ» يەنى بۇ ھەدىستىن دىندا ئەسلى يوق ئىشنى كىم پەيدا قىلسا بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە جىنايىتى شۇ كىشىگە قايتىدۇ دېگەن مەنا ئىپادىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز

خۇتبىسىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:«سۆزنىڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ كىتابى، يولنىڭ توغرىسى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ تۇتقان يولى، ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەسكى، ناچارلىرى دىننىڭ سىرتىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار، دىننىڭ سىرتىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەت».

بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىشى، بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشى، باشقىلارنى بۇنىڭغا تەۋسىيە قىلىشى، دىننىڭ سىرتىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار دىن ھەزەر قىلىشى زۆرۈردۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ :« ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار» ۋە « زامان بىلەن قەسەمكى ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر»، دېگەن سۆزىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ: «دىن دېمەك سەممىيەت، ساداقەت دېمەكتۇر» (دىن دېمەك نەسىھەتتۇر) دېگىنىدە، كىمگە ساداقەتمەنلىك قىلىنىدۇ دېيىلدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:« ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا» دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلغانلىقتۇر.

( دېمەك، ئىبادەتلىرىمىزدە ئىنتايىن دىققەت قىلىشىمىز، دىنىمىزدا ئەسلى يوق ئىشلارنى قارىغۇچىلارچە ئىتىقاد بىلەن، ساۋابقا ئېرىشىمەن دەپ گۇناھ ئىشلەپ ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇپ قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم ۋە كۈندىلىك ئىبادەتلىرىمىزنىڭ قۇرئان ـ سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇشىغا ھېرىسمەن بولۇشىمىز ئىنتايىن مۇھىم.ـمۇھەررىرـ)